ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# ئالىي مەكتەپلەر پۈتۈن مۇساپىلىك مۇلازىمەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بەردى

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

«جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىمەن، ئاساسىي قاتلامغا بارىمەن، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بارىمەن!» شىنجاڭ تېببىي داشۆسى 1 ـ كلىنىكىلىق داۋالاش شۆبىۋەننى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى گۈلخۇمار ئابدۇللا داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 1 ـ سېپىگە بېرىشتەك كىشىلىك ھايات يولىنى تاللاپ، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، ئارزۇسىغا ئېرىشتى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر توردا ۋە تور سىرتىدا تەڭ كۈچەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، دەل جايىدا يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، داشۆنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

## توردا ۋە تور سىرتىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى

«بۇلۇت تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى تاپتىم، بەك تاسادىپىيلىق ھەم بەك تەلەيلىك ھېس قىلدىم. مەكتەپنىڭ توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇپىسى قۇرۇپ، بىزنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت». 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆبىۋەننى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى شى شياۋجۈەن مۇنداق دېدى: 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا مەن تۇنجى قېتىم توردىكى تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندىم، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچۇم تەربىيەلىگەندىن كېيىن يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتناشقاندا ئىشەنچكە تولدۇم، ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر كارخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتىم.

3 ـ ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆبىۋەنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەخسۇس مەيدانى، پىراكتىكانتلار مەخسۇس مەيدانى قاتارلىق توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنلىرىنى كۆپ قېتىم تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارنى 2000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. «شۆبىۋەندە ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 70% ئوقۇغۇچى ئاساسىي قاتلامدا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ، بىز يەنە تور سىرتىدىكى مەكتەپداشلار بايلىقى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىشنى ئىختىساسلىقلار تىرەككە ئىگە قىلدۇق». شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆبىۋەنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى رۇيشىڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش روھىي ھالىتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلەپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تەسىرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار يولغا قويۇش چارىسىنى بالدۇر تۈزۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋېيشىن، دىڭدىڭ قاتارلىق سۇپىلار ئارقىلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ۋاقتىدا يوللاپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن توردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش لېكسىيەسى سۆزلەشنى 3 ـ تەرەپكە ھاۋالە قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. توردا تەكلىپ قىلىش سۇپىسىنى پائال قۇرۇش ئارقىلىق، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېكراندا پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى، ئۇچراشماي تەكلىپ قىلىش، تەكلىپ قىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىپ، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى

3 ـ ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى سودا شۆبىۋەننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىسى گۈلنۇر ئەخمەت ئالدىراش بولۇپ كەتتى: ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى، ئوقۇش سەۋىيەسى، ئالاقىدار ئىقتىدارى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى رەتلەش؛ كۆپ تەرەپتىن تەكلىپ قىلىدىغان ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈش... بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ فۇداۋيۈەنلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىملىق خىزمىتىگە ئايلاندى.

«ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن، مېيىپ قاتارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىدىن ئەڭ غەم قىلىمىز، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىساق ناھايىتى خۇشال بولىمىز.» گۈلنۇر مۇنداق دېدى: شۆبىۋەنىمىز ئېنىقلاش ئارقىلىق ھەربىر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى مەسىلىسى ۋە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى توردىكى، تور سىرتىدىكى تەكلىپ قىلىش يىغىنلىرىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلىدى.

شىنجاڭ داشۆ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئوقۇش ئەھۋالى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇددىئاسى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتى ھېساباتى دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، تەدبىر ئېنىق بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر «نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈش، نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش، نۇقتىلىق مۇلازىمەت قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، ئوقۇغۇچىلارغا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن، مېيىپ قاتارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ۋە ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارغا خىزمەت ئىزدەش ياردەم تولۇقلىمىسىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى ھەم تېلېفون، ۋېيشىن قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا پسىخىكا جەھەتتىن بىرگە بىر يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى.

## مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلارغا مۇلازىمەتنى ئۈزۈپ قويمىدى

ئوقۇش پۈتتۈرگىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ، تېخى مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىغان بولسىمۇ، بىراق مەكتەپ ئارقا تىرەك بولغاچقا، قەشقەر داشۆنى پۈتتۈرگەن سۇبھىنۇر مەخمۇتنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ھەم ئىللىقلىققا تولغانىدى. سۇبھىنۇرنىڭ ئۆيى ئاقتۇ ناھىيەسىدە بولۇپ، ئەسلىدە 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىلا مەكتەپتىن ئايرىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق مەكتەپ سۇبھىنۇرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەمۇرىي ياردەمچىلىك ۋاقىتلىق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

ئىگىلىنىشچە، قەشقەر داشۆ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان جەمئىي 40 نەچچە ئوقۇغۇچىنى ۋاقىتلىق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، ھەقسىز ياتاق بىلەن تەمىنلەش، تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىن ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىش، بىر تەرەپتىن، خىزمەت ئىزدەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

«ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار گەرچە مەكتەپتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق مۇلازىمىتىمىز ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، بولۇپمۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىز قوغلاپ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمىز.» ئىلى سىفەن داشۆسى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى نۇرباقىت ئايتان مۇنداق تونۇشتۇردى: مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى شۆبىۋەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئىش ئورنىنى تونۇشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر يەنە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىش تەدبىرىنى مەخسۇس ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلىپ تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە بولغان ئېھتىياجىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، خىزمەت ھېساباتى دەپتىرى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان ئوقۇتقۇچى بەلگىلەپ، بىرگە بىر دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يولغا قويدى؛ تۈرلۈك تەكلىپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشكىللەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىز نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە خىزمەتلەرنى چىڭ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات رايونىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئېگىزلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز» دېدى قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي سەن.

قومۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چاڭ سەيشىيا مۇنداق بىلدۈردى: «قومۇلنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، بىز ئىدىيەنى نېگىزگە ئايلاندۇرۇپ، سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ قىلىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قومۇلنى شىنجاڭنىڭ ساياھەت ـ مەدەنىيەت مەركىزى، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز».

شىنجاڭ ياجۇڭ دېيۇەن يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى تاڭ چاۋ مۇنداق دېدى: «نەق مەيدان يىغىنىدا يېزا ئىگىلىكتە پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىركىتىمىز ھازىر بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە شىركىتىمىز قۇتۇبى ناھىيەسىدە ھاراق ئېچىتىدىغان ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈش، ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئۈزۈم ئۇرۇقى ۋە پوستىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، ئۈزۈم ھاراقچىلىقى تويى بىلەن ئۈزۈم ھاردۇقى مەدەنىيەت ـ ساياھىتى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپ يۇغۇرۇلغان كەسىپ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى قۇرماقتا».

## مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتىمىز

«بىز نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋەزىيەتتىن بىر رايوننى پىلانلاش، بىر رايون ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.» بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى گاڭ شۇنداق بىلدۈردى.

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى بادمارا مۇنداق دېدى: «نەق مەيدان يىغىنى ئاخىرلىشىش بىلەنلا، بورتالا ئوبلاستى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. بىز ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئون جەھەتتىكى تەلەپنى نىشانلاپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز».

لوپ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم دىلشات قۇربان مۇنداق دېدى: «نەق مەيدان يىغىنى ھەم بىر قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش ـ پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى، ھەم بىر قېتىملىق سەپەرۋەرلىك قىلىش ـ ئىلھاملاندۇرۇش يىغىنى بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بىز لوپ ناھىيەسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە يەنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، ‹100 مىڭ، 1 مىليون، 10 مىليون، 100 مىليون› دەرىجىلىك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چاچ بۇيۇملىرى كەسپىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك چاچ بۇيۇملىرى كەسىپلەر باغچىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئاساس سالىمىز».

## «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرىمىز

«بىز پۈتۈن شەھەردىكى نۇقتىلىق ۋە ئەۋزەل كەسىپلەرنى چۆرىدەپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى كارخانىلىرىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرىمىز» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(شەھەرلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ خۇڭجۈن.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قىلىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشتە كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللاندى، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۈن چاڭمەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «كېيىنكى باسقۇچتا، بىز بازار ئېھتىياجىغا يېقىنلىشىپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز؛ نامرات ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارىتا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدا چىقىش يولى بولۇشى، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

بۆرچىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن ھاكىم لىيۇ يۈڭ مۇنداق دېدى: «بىز نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ‹ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش› خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ‹ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش› ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىمىز».

**(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈۋجۈن، جاۋ چۈنخۇا، جاڭ تىڭ، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ چيەن، بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، بورتالا ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ساۋ يىگۋاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر مىرزا، بى سۈي، لى رۇڭ، خەن ماۋجۈن)**

---

# قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاران ئالتە ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالدى، ۋاقىت قىس، ئېغىر ۋەزىپە زىممىمىزدە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ياخشى تۇتۇشنى بوشاشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تورىنى تېزدىن قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىدىيەدە بوشاڭلىق قىلماسلىق، مېخانىزمنى ئۆزگەرتمەسلىك، خىزمەتتە بەل قويۇۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەل جايىدا ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىملىقى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر شەرتى، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ياخشى تۇتۇشنى بوشاشتۇرماي، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

قەتئىي ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش خىزمەت ئىستىلى ئارقىلىق، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەزىپە قانچە مۇشكۈل بولغانسېرى رەھبىرىي كادىرلار شۇنچە قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت چەكلىمىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى خىزمەت ئىستىلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۈلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۈلۈش بولىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تاش ـ تۆمۈردە ئىز قالدۇرىدىغان روھ بىلەن، ھەربىر تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، دەل جايىدا تۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق، «13 ـ بەش يىل»نىڭ ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.